# سوغات بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇۋالغان كىشى، قۇسۇقىنى قايتۇرۇۋالغان كىشىگە ئوخشايدۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەدىيە بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇۋالغان كىشى، قۇسۇقىنى قايتۇرۇۋالغان كىشىگە ئوخشايدۇ، دېدى. يەنە بىر لەپزىدە سەدىقە بېرىپ بولۇپ ئۇنى ياندۇرۇۋالغان كىشى، قۇسۇپ كەينىدىن قۇسۇقىنى يېگەن ئىتقا ئوخشايدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ھەدىيە بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن يىراق تۇرۇش توغرىسىدا مىسال بېرىپ، ھەدىيە بېرىپ بولۇپ ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ئەڭ قەبىھ ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇنى، قۇسۇپ كەينىدىن قۇسۇقىنى يېگەن ئىتقا ئوخشاتتى. بۇ بولسا، ئۇ قىلمىشنىڭ ناھايىتى سەت ۋە رەزىل ئىكەنلىكى ۋە ئۇ ئىشنى قىلغۇچىنىڭ پەسكەشلىكىگە دالالەت قىلىدۇ



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee